### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى ۋە مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىسلاھاتتا تېخىمۇ زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت/شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى ۋە مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر، بارلىققا كەلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەندى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، يېتەكچى ئىدىيەسى، ئومۇمىي تەلىپى چوڭقۇر ئىزاھلاندى، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە ئىلمىي جاۋاب بېرىلدى، بۇ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى ۋە تۈپ مىزانى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، 2021 - يىلىدىكى ھەم «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىششقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي - باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىدىيەۋى تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىگە چوڭ تارىخ قارىشى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى چىڭ ساقلاش كېرەك. ئاساسلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەسىپنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ يول ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باشقا جايغا كۆچۈرگەندىن كېيىنكى داۋاملىق يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاشتىن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا سىلىق، مۇقىم ئۆتۈشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكى بويىچە سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقىنى قاتتىق ساقلاپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ۋە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلاردىكى 1 -، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يېزا - كەنت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، يېزا - كەنتلەردىكى كەسىپ، ئىختىساسلىقلار، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە، تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى تەشكىلىي سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسى، خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تۆرلۈك بايلىقنىڭ تۆۋەنگە يەتكۈزۈلۈشىگە سىجىل تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنى ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىسلاھاتتا تېخىمۇ زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تونۇپ، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىرادىنى ساقلاپ، جاسارەتنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك نىشان - ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، دىققەتنى ئۈللۈق ۋە مۇھىم، زور يېتەكلەش رولىغا ئىگە ئىسلاھات تەدبىرلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشتا تولۇق بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش ۋە جىپسىلاشتۇرۇپ يۈرۈشلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمىرسال ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، مەركەز بېكىتكەن تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى

### ئىسمائىل تىلىۋالدى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى نۇرلان ئەبىلمەجىن رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت/شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ مەرھابا مېھمانخانىسى يىغىن مەركىزىدە يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. چېن چۈەنگو، ئىسمائىل تىلىۋالدى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تەرەپلەردىكى مەسئۇل يولداشلار ھەمدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلار ۋەكىللىرى بىلەن خۇشال - خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، 2021 - يىللىق يېڭى يىلنى بىرلىكتە كۈتۈۋالدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن چاي سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېي چېن چۈەنگو تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىغا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلارغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلارغا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش قوشۇنىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ھەمدە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى يولداشلارغا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن، ياردەم بەرگەن ۋە قوللىغان بارلىق دوستلارغا سەمىمىي سالام يوللىدى ۋە يېڭى يىللىق بەخت تىلىدى!

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: 2020 - يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن ئالاھىدە بىر يىل، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملانغان يىل. باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قاتتىق جەڭلەردە بىر - بىرلەپ غەلىبە قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە يىلدا ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى. بىر يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يول باشلاپ، رولچى بولغانلىقىدىن بولغان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدىن بولغان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىن بولغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكىدىن بولغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىدىن بولغان، شۇنداقلا بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى ھەمدە كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يۈرەك قېنى ۋە ئەقىل - پاراستى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ چوڭ جەڭ، چوڭ سىناققا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشى، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىششى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، ئەقىل - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، ئىسلاھاتىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى بىر يىلدا، بىز سوتسىيالىستىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش تۈزۈمىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى ئەمىن تاپقۇزۇشتىكى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ سىياسىي تەشكىلات ۋە دېموكراتىيە شەكلى بولۇشتىكى ئۈنۈم ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملىشىمىز كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2021 - يىلى دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشقا قەدەم ئالىدىغان يىل، «14 - بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلى، پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى تىرىشىپ ياخشى يېزىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى باۋ ئەنمىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسىنىڭ مۇدىرى جۇرئەت تۇردى چاي سۆھبىتىدە سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، ھاۋا ئارمىيەسى ئۇرۇمچى بازىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونىمىزدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان ئۇرۇمچىدىكى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم يولداشلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىلغار نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى.

چاي سۆھبىتىدە ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئېسىل نومۇرلارنى ئورۇنلىدى.




2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ مەرھابا مېھمانخانىسى يىغىن مەركىزىدە يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، 2021 - يىللىق يېڭى يىلنى بىرلىكتە كۈتۈۋالدى.

□ **ئانار بۇلۇت/شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى**